# قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىمىز

## ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزى ھەر مىللەت ئوغۇل-قىزلارنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈردى

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى ۋاڭ چى، گاۋ لېي

«جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، ئورتاق تىرىشىپ كۆرەش قىلىشىغا موھتاج».

باش شۇجى شى جىنپىڭ 9-ئاينىڭ 27-كۈنى مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىدە، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 18-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى چوڭقۇر خۇلاسىلەپ، نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەتنى ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلىپ، يېڭى دەۋردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى ئىشلىرىغا تۈرتكە بولۇشنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ۋە خىزمەت مۇھىم نۇقتىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدە قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى.

كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيمىز.

### ■ ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر-ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈش

باش شۇجى شى جىنپىڭ سۆزىدە پارتىيەنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشنى تەكىتلىدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەت ۋە دىن كومىتېتى شۆبە پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، كومىتېتتا تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن مۇدىر ياڭ شياۋبو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىز ئىلگىرىكى مىللىي زۇلۇم، جېدەل-ماجىرادىن تولغان ئازابلىق تارىخنى ئۈزۈل-كېسىل ئاخىرلاشتۇرۇپ، مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە توغرا يولىنى تېپىپ چىقتى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇردى. «بىز قولغا كەلتۈرۈلگەن قىممەتلىك تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئىنتايىن قەدىرلەپ، مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە توغرا يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي ياخشى ماڭىمىز».

يۈننەن دېچىڭ زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى مىللەت، دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ما گوجۇڭ مۇنداق دېدى: دېچىڭ ئوبلاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مىللەتلەر خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى باشلامچىلىقىدىكى خىزمەت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىگە يۇقىرى ئورۇندىن تۈرتكە بولدى. «كېيىنكى قەدەمدە، بىز باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى قەتئىي تەۋرەنمەي كۈچەيتىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولىمىز».

جېجياڭ ئۆلكىسى لىشۈي شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جىڭنىڭ شېزۇ ئاپتونوم ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن جۇڭ مۇنداق بىلدۈردى: جىڭنىڭ «قىزىل كېمە روھى» ۋە «غەربىي جەنۇبىي جېجياڭ ئىنقىلاب روھى»نى داۋاملىق زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش كەيپىياتىنى تىرىشىپ يارىتىپ، پارتىيە ئەزالىرى-كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشى ئارقىلىق پۈتۈن ناھىيەدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قول تۇتۇشۇپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

چىڭخەي ئۆلكىسى شىنىڭ شەھىرى خۇاڭيۈەن ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى ما جيەنلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم بايانى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ناھىيەنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەشكە قارىتا مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. «ناھىيەلىك پارتكومىمىز نۆۋەتتىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى ئىشلىرىدىكى باشلامچى ياۋا غازلىق مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ ئەستە چىڭ ساقلاپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەر مىللەتنىڭ بىرىكمە كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، تىرىشىپ ھاللىق سەۋىيەگە ئاتلىنىدۇ».

### ■ جۇڭخۇا مىللىتى بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇش

باش شۇجى شى جىنپىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، ئالاھىدە دىققەت قىلدى، سۆزىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەكرار تەكىتلىدى.

نەق مەيداندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئاڭلىغان شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 13-شىسى راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى دىڭشۈن سانائەت سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى فۇ جياڭلۇ ھەسسىلەپ ئىلھام ئالدى. ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: «بىز شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ئەمەلىي خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، چىن ھېسسىياتىمىز بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، تىلىمىز بىلەن پىكىرلىشىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ھەر مىللەت ئاكا-ئىنى، ئاچا-سىڭىللار بىلەن قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، ئورتاق جۇڭگو ئارزۇسى ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىمىز».

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ روھى، مەدەنىيەتنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ يىلتىزى. سىچۈەن ئۆلكىسى چېڭدۇ ئابا سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۇيۇشما باشلىقى، تاڭگۇلا شاملى سەنئەت ئۆمىكى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لى جىن بۇ ھەقتە چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە: «بىز داۋاملىق مەدەنىيەت ئويۇنى قويۇش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىغا تېخىمۇ كۆپ مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى يۇرت-ماكانىنى بەرپا قىلىمىز».

«مىللەتلەر ئىشلىرىنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىپ، ھەر مىللەت پۇقرالارنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.» بېيجىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى خەيدىيەن شۆبە ئىدارىسى شىشەن ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى خۇاڭ ۋېنجۇنغا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى چوڭقۇر تەسىر قىلغاندى، «مەھەللە خەلق ساقچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىنى غەم-ئەندىشىدىن خالاس قىلىپ، مۇلازىمەتنى ياخشى قىلىپ، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، قانۇننى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىنىڭ شەھەر تۇرمۇشىغا، جەمئىيەتكە تېخىمۇ ياخشى سىڭىپ كىرىشىنىڭ كاپالىتىگە ئايلاندۇرىمەن».

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: 70 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت تۇرمۇشىدىكى زىچ ئالاقىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى مىسلىسىز بولدى. شەندۇڭ ئۆلكىسى چىڭداۋ شەھىرى يەلكەنلىك كېمە ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش مەركىزى ئولىمپىك يەلكەنلىك كېمە شەھىرى بەرپا قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى زاھىدە خېلىل شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، بېيجىڭدا ئوقۇپ، چىڭداۋدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئايال كادىر. ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق شەھەر مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىمەن.

### ■ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى كۆرەش نىشانى قىلىش

«جۇڭخۇا مىللىتى بىر چوڭ ئائىلە، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ياخشى كۈن كەچۈرۈشى كېرەك. مىللىي رايونلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشى ۋە زامانىۋىلىشىشى بولمىسا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشى ۋە زامانىۋىلىشىشى بولمايدۇ».

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش-روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسى تۈر باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ۋېن چۈنخۇادا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. ئۇ مۇنداق تونۇشتۇردى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، گۇاڭشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالاھىدە مۇھىم ئىش ۋە بىرىنچى خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە تۇتتى، نامرات رايونلارنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى، ئاممىۋى مۇلازىمىتى، كەنت قىياپىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ قاتتىق جەڭدە جەزمەن غەلىبە قىلالايمىز».

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ»نى «بايلىق»قا ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئىسلاھات-تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ھەر مىللەت خەلققە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل نەپ يەتكۈزۈش كېرەك. ئىچكى موڭغۇل ئارۇخورچىن خوشۇنلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى يۈ ۋېيدۇڭ مۇنداق بىلدۈردى: «پۈتۈن خوشۇن باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن ئېكولوگىيەنى ئاسراشنى ئۆزئارا تولۇقلىما قىلىپ، ئۆزئارا ياخشى ماسلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئاممىنىڭ ئېكولوگىيە كەسپىگە تايىنىپ بېيىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ».

چىڭخەيگە نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ئۇنى ئەمدىلا تاماملىغان جياڭسۇ ئۆلكىسى نەنتۇڭ شەھەرلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچى چېن ياۋخۇا باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەتنى تەكشى ئاشۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش» دېگەن سۆزىگە قارىتا چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدى. 2016-يىلى يازدا، چېن ياۋخۇا جياڭسۇدىن چىڭخەي خەينەن زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ گۇيدې ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا كېلىپ، چىڭخەيگە نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان. ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇ 910 دىن ئارتۇق ئادەم قېتىم كۆز ئوپېراتسىيەسى قىلدى، كۆزگە ئاق چۈشۈش ئوپېراتسىيەسىدىن 752نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى.

«ئومۇمىي خەلق ساغلام بولمىسا، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بولمايدۇ. بىز تىرىشىپ تېخىمۇ كۆپ ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇرىمىز» دېدى چېن ياۋخۇا.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9-ئاينىڭ 28-كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1-بەتتە)

تەرەققىياتى ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر خۇلاسىلەپ، نۆۋەتتە دۆلىتىمىز مىللەتلەر خىزمىتىدە دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەتنى ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلىپ، يېڭى دەۋردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى ئىشلىرىغا تۈرتكە بولۇشنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ۋە خىزمەت مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدىيەۋىلىككە، قاراتمىلىققا، يېتەكچىلىككە ئىگە. ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى قەدىرلەش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭ «توققۇزدا چىڭ تۇرۇش»ئارقىلىق يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70يىل، بولۇپمۇ پارتىيە 18-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان دۆلىتىمىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر خۇلاسىلىدى، بۇ يېڭى دەۋردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى ئىشلىرىغا تۈرتكە بولۇشتىكى مۇھىم مىزان. ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيەسىنى جۇڭگودىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە توغرا يولىدا مېڭىپ، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئارقىلىق ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈشتە قەتئىي تەۋرەنمەي، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىجىل-ئىناق ئۆتۈشى، بىر ياقىدىن باش چىقىرىشى، ئىناق تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، غايەت زور ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن بولۇشى دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان زېمىنىنى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئاچقانلىقى، ئۇزاق تارىخنى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق پۈتكەنلىكى، شانلىق مەدەنىيەتنى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ياراتقانلىقى، ئۇلۇغ روھنى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق يېتىلدۈرگەنلىكىنى توغرا ئىگىلەپ، جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش، جۇڭگو ئارزۇسىنى بىر نىيەتتە ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى دەۋردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى ئىشلىرىنى مۇستەھكەملەش، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

تۆتىنچى، جان تومۇر ئېگىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى ئىكەنلىكىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى سىجىل چوڭقۇر، ياخشى قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق گەپلەرنى كۆپرەك قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز گەپلەرنى قەتئىي قىلماسلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز ئىشلارنى قەتئىي قىلماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەننى، جۇڭخۇا مىللىتىنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

بەشىنچى، خىزمەت تەلىپىنى ئىگىلەش كېرەك. پارتىيەنىڭ مىللەت نەزەرىيەسى ۋە مىللەت سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ سىغدۇرۇشچانلىقى تېخىمۇ كۈچلۈك، ئۇيۇشۇش كۈچى تېخىمۇ زور بولغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىگە قاراپ مېڭىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي مېڭىش؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى كۆرەش نىشانى قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشى ۋە زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى يۇرت-ماكانىنى قۇرۇش؛ جۇڭخۇا مىللىتى بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ مىللەتلەر ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، ھەر مىللەت پۇقرالارنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئالتىنچى، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مىللەتلەر خىزمىتىنى مۇھىم ئىش كۈنتەرتىپىگە قويۇشى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار مىللەت نەزەرىيەسى، سىياسىتىنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىشى كېرەك، مىللەتلەر خىزمىتىنى بىلىدىغان، مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرالايدىغان كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، تاللاپ-ئۆستۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۇلىنى پۇختىلاپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى كۈچلەرنىڭ بىرلىكتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە تۈرتكە بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

---

مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «ئۇقتۇرۇش» بېسىپ تارقاتتى

# «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9-ئاينىڭ 28-كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «<ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش> باش تېما تەربىيەسىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقىتىپ، مۇنداق كۆرسەتتى: «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى-كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشنىڭ قۇدرەتلىك ئۇلۇغ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان، ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلارنى ياخشى قىلىش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئۆگىنىش-تەربىيە جەريانىدا پارتىيە ئەزالىرى-كادىرلارنى پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە يېتەكلەش كېرەك. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆگىنىش-تەربىيەنىڭ ئاساسىي تەلىپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بەلگىلەنگەن كىتابلارنى ئەينەن ئۆگىنىش بىلەن بىللە، يېڭى دەۋردە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنى ئۆگىنىش-تەربىيەنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، شەخسلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، تەتقىق-مۇھاكىمە قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق، پارتىيە ئەزالىرى-كادىرلارنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋردە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىگە بولغان چۈشەنچىسىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، ئەسلىي مەقسەت-بۇرچقا بولغان تەسىراتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تەشكىللىشى كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئۆگىنىشتە، پارتىيە ئەزالىرى-كادىرلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرۈپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىرادىسىنى چىڭىتىش كېرەك. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش تەلىپى بويىچە، پارتىيە ئەزالىرى-كادىرلارنى ئۆگىنىش جەريانىدا پارتىيەمىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بارغان شانلىق مۇساپىسى ۋە شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى چۈشىنىشكە، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى چۈشىنىشكە تەشكىللەپ، يېتەكلەپ، تارىخنى بىلىپ پارتىيەنى سۆيۈش، تارىخنى بىلىپ ۋەتەننى سۆيۈشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئاڭلىق ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈرۈشلۈك پائالىيەتلىرىدە پارتىيە ئەزالىرى-كادىرلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرى-كادىرلارنى يېقىن ئەتراپتا، قولايلىق جايدا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقى مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى قاتارلىق پائالىيەت خەۋەرلىرىنى كۆرۈشكە تەشكىللىشى، ئۆز جايىدىكى قىزىل بايلىقلاردىن ياخشى پايدىلىنىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ئۈلگە كۆرسىتىش بازىلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئېتىپ، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس»، باش تېمىلىق پارتىيە كۈنىگە بىرلەشتۈرۈپ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقات-تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، 70 يىلدىن بۇيان دۆلىتىمىز قولغا كەلتۈرگەن تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى، بارلىققا كەلگەن تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە ئەزالىرى-كادىرلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. جاسارەتكە تولۇپ، غەيرەت ئۇستىگە غەيرەت قوشۇپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان، ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلارنى ياخشى قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بۇ يىللىق تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك خەۋپ-خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كۆرەش قىلىش روھىنى كۈچەيتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئۇرغۇغان ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى مەۋقەنى ئىش ئورنىغا قويىدىغان، جاسارەت بىلەن خىزمەت قىلىدىغان ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدىغان، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىدىغان ئەمەلىي نەتىجە-ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

---

(بېشى 1-بەتتە)

ئىلگىرىكى يەككە ئارمىيە تۈرى بولغان ئارمىيەدىن تەرەققىي قىلىپ كۆپ خىل ئارمىيە-قىسىم تۈرى بىرلەشكەن قۇدرەتلىك ئارمىيەگە ئايلاندى، ئىلگىرىكى «سۆك ۋە مىلتىق» بىلەن قوراللانغان ئارمىيەدىن تەرەققىي قىلىپ ماشىنىلىشىشنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرغان، تېزلىكتە ئۇچۇرلىشىشقا يۈزلەنگەن قۇدرەتلىك ئارمىيەگە ئايلىنىپ، جۇڭگوچە ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىنى بويلاپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلق ئارمىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ھالدا دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا قاراپ چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە.

دەۋر ئېقىمى ھەيۋەتلىك ئۆركەشلىمەكتە. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ۋە رەئىس شى جىنپىڭنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، قەھرىمان خەلق ئارمىيەسى جەزمەن غەلىبىدىن يېڭى غەلىبىلەرگە قاراپ ئۈزلۈكسىز يۈرۈش قىلىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9-ئاينىڭ 28-كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**